# شايار سەنئىتى ۋە نەغمىلىرى



شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

# شايار سەنئىتى ۋە نەغمىلىرى



جكپ شايار ناھىيەلىك كومىتېتى نەشرگە تەييارلىدى

شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

باش پىلانلىغۇچى: ئابلىز قېيۇم
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئىلغارجان سادىق
مەسئۇل كوررېكتورى: ئىبادەت ياسىن
گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرى: غالىب شاھ
تېخرېداكتورى: مۇھەممەت ئەلى لېتىپ
كومپيۇتېر مەشغۇلاتىدا: ئارزۇگۈل ئابلىز

## شايار سەنىمى ۋە نەغمىلىرى

ج ك پ شايار ناھىيەلىك كومىتېتى نەشرگە تەييارلىدى

*

شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي بېيجىڭ يولى 29 ـ نومۇر، پ: 830012)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
ئۈرۈمچى دالۇ باسما چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
ئۆلچىمى: 1092 × 787 م م، 16 كەسلەم، باسما تاۋىقى: 15.75
2013 ـ يىلى 1 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2013 ـ يىلى 1 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
ISBN 978 – 7 – 5515 – 3118 – 4
سانى: 1 – 2000
باھاسى: 100.00 يۈەن
بېسىلىشتا، تۈپلەشتە خاتالىق بولسا نەشرىياتىمىزغا ئەۋەتىڭ، تېگىشىپ بېرىمىز

图书在版编目（CIP）数据

沙雅赛乃姆及曲艺：维、汉／中共沙雅县委编．
—乌鲁木齐：新疆青少年出版社，2012.12
ISBN 978-7-5515-3118-4

Ⅰ.①沙… Ⅱ.①中… Ⅲ.①维吾尔族—民族舞蹈
—研究—沙雅县—维吾尔语（中国少数民族语言）、汉语
Ⅳ.①J722.221.5

中国版本图书馆CIP数据核字（2013）第001836号

总 策 划：阿布力孜·克尤木
责任编辑：依力哈尔江·沙迪克
责任校对：依巴达提·亚森
美术编辑：阿里甫·夏
技术编辑：买买提艾力·力提甫
电脑操作：阿孜古力·阿不力孜

## 沙雅赛乃姆及曲艺

中共沙雅县委 编

新疆青少年出版社出版
（乌鲁木齐市北京北路29号 邮编：830012）
新疆新华书店发行
乌鲁木齐大路印务有限公司印刷
787×1092毫米 16开本 15.75印张
2013年1月第1版 2013年1月第1次印刷
印数：1—2000

ISBN 978-7-5515-3118-4 定价：100.00元
如有印刷装订问题请直接同出版社调换



此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com

# تەھرىر ھەيئەتلىرى

مۇدىر: دەي چىڭ

مۇئاۋىن مۇدىرلار: ئىمىنجان زارى
لىيۇ چۈن
ئازادەم سالام

باش تۈزگۈچى: لىيۇ چۈن
ئىجرائىيە تۈزگۈچى: ئامىنە ياخشى
تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: ئابدۇللا مەجنۇن

تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى: ئامىنە ياخشى، ئابدۇللا مەجنۇن، ئەھەت سەمەت، ئۆمەر كېرىم، رەھىم راخمان، ئەمەر سامساق، زۇلپىقار ئابدۇللا

فوتوگراف: ۋاڭ جەنبو، ئابلىكىم جۇمە

# 编委

主　　任：代青

依明江·扎日
副 主 任：刘春
阿扎旦·沙拉木

主　　编：刘春

执行主编：阿米娜·亚克西

审　　定：阿布都拉·麦吉农

编 委 会：阿米娜·亚克西　阿布都拉·麦吉农　艾海提·赛买提
艾买尔·克热木　热依木·热合曼　艾买尔·沙木沙克
卓力皮卡尔·阿布都拉

摄　　影：王剑波　阿布力肯木·局买

مۇنەۋۋەر مەدەنىيەتكە ۋارىسلىق قىلىپ،
ئىناق شايارنى كۈيلەيلى!

傳承優秀文化
謳歌和諧沙雅

代青 二〇一二年十一月

ج ك پ شايار ناھىيەلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى

دەي چىڭ

2012 – يىلى نويابىر

شايارنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرى ۋە ئەل نەغمىلىرىنى
قېزىش، توپلاش خىزمىتىنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەپ،
زامانىۋى مەدەنىيەت تەرەققىياتى ئۈچۈن تېخىمۇ
ياخشى خىزمەت قىلدۇرايلى .

ج ك پ شايار ناھىيەلىك كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ،
ناھىيەلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھاكىمى

مۆمىنجان زارى
2012 - يىلى

# چاڭ ـ توزانلارنى سۈرتۈپ، ئېسىل مەدەنىيەتنى جۇلالاندۇرايلى

دەي چىڭ

(ج ك پ شايار ناھىيەلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى)

مەملىكەت مىقياسىدا پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش دولقۇنى ئەۋجىگە چىققان پەيتتە، «شايار سەنىمى ۋە نەغمىلىرى» ناملىق كىتاب ئىنچىكىلىك بىلەن توپلاش ۋە رەتلەش ئارقىلىق نەشردىن چىقتى. شايار ناھىيەسىنىڭ يەرلىك سەنىمى توغرىسىدىكى بۇ تۇنجى مەخسۇس توپلامنىڭ نەشر قىلىنىشى شايارنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى زور خۇشاللىق، شۇنىڭدەك شاياردىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۇزۇندىن تەقەززالىق بىلەن كۈتۈۋاتقان زور ئىش ھېسابلىنىدۇ. بۇ كىتابنىڭ نەشر قىلىنىشى شەك ـ شۈبھىسىزكى، شايار سەنىمىنى قوغداش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئۇيغۇر سەنەملىرى ئۇزۇن تارىخ ۋە مول مەنبەگە، روشەن مىللىي ئالاھىدىلىك ۋە خاس ئېستېتىك قىممەتكە ئىگە. سەنەملەرنىڭ مەزمۇنى مول، شەكلى ھەرخىل بولۇپ، مۇزىكا، ئۇسسۇل، قوشاق قاتارلىق كۆپ خىل سەنئەت شەكىللىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن. ئۇيغۇر سەنەملىرى خەلقنىڭ كۈندىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدا، تۇرمۇشىدا ئەۋلادمۇئەۋلاد مىراس بولۇپ داۋام ئەتكەن، يۇكسەك تارىخىي قىممەت، ئېستېتىك قىممەت، مەدەنىيەت قىممىتىگە ۋە ئىجتىمائىي قىممەتكە ئىگە بولغان ئىنتايىن مۇھىم غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇر سەنەملىرى تىپىك ئۇيغۇر مەدەنىيەت سىمەرىسى بولۇش سۈپىتى

بىلەن جۇڭخۇا مەدەنىيەت خەزىنىسىدە ئۆزگىچە ئورۇن تۇتىدۇ.

ئۇيغۇر سەنەملىرى ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا شەكىللەنگەن. يىراق ئۆتمۇشتە يېزا - قىشلاقلاردا ياشاۋاتقان ئەمگەكچى خەلق ئاممىسى ئىش - ئەمگەكتىن سىرتقى ۋاقىتلىرىدا ئۆزئارا مۇڭدىشىپ يىغىلىشلارنى ئۆتكۈزگەن. كىشىلەر بارا - بارا بۇ يىغىلىشلاردا ئورۇنلانغان ئاددىي، ئىخچام ۋە قىسقا بولغان خەلق ناخشا - قوشاقلىرىدىن قانائەت ھاسىل قىلالمايدىغان بولغان. شۇنىڭ بىلەن بىر - بىرىگە ئۇلانغان يۈرۈش خەلق ئاھاڭلىرى، ئۇسسۇل قاتارلىقلار ئۆزئارا بىرىككەن سەنەمدىن ئىبارەت سەنئەت شەكلى شەكىللەنگەن.

ئىنسانىيەت قەدىمدىن تارتىپ سۇ مەنبەسىنى قوغلىشىپ ئولتۇراقلىشىپ كەلگەن. دۇنياغا تەسىر كۆرسەتكەن شانلىق مەدەنىيەتلەر دەريا - ئېقىنلارنى بويلاپ شەكىللەنگەن. شايار ناھىيەسىنىڭ جۇغراپىيەلىك ئورنى ھەيۋەتلىك تەڭرىتېغى ۋە سىرلىق تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ ئۆزئارا تۇتاشقان قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، يەر مەيدانى كەڭرى، تۇپرىقى مۇنبەت. مەشھۇر تارىم دەرياسىنىڭ بۇ زېمىندىن ئېقىپ ئۆتىدىغان قىسمى 220 كىلومېتىردىن ئاشىدۇ. ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان تارىم دەرياسى بۇ زېمىننى سۇغىرىپ، كۆكەرتىپ كەلگەن. مىلادىيەدىن بۇرۇنلا بۇ زېمىندا ئاھالىلەر ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، چارۋىچىلىق، ئوۋچىلىق، بېلىقچىلىق ۋە دېھقانچىلىق بىلەن ئۆز تۇرمۇشىنى قامداپ كەلگەن. تارىختا شايار قەدىمكى كۇسەن بەگلىكىنىڭ مۇھىم بىر بۆلىكى، يىپەك يولىنىڭ مۇھىم ئۆتكىلى بولۇپ كەلگەن. ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى ۋە غەربىي دىيار مەدەنىيىتى بۇ زېمىندا ئۇچرىشىپ بىر - بىرىگە تەسىر كۆرسەتكەن، ئۆزئارا يۇغۇرۇلغان. قەدىمكى ھىندىستاندىن كىرگەن بۇددا دىنى قەدىمكى كۇسەن بەگلىكىدە يەرلىك مەدەنىيەت بىلەن يۇغۇرۇلۇپ ئاجايىپ گۈللىنىشنى باشتىن كەچۈرگەن ۋە مۇشۇ زېمىن ئارقىلىق دۆلىتىمىزنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىغا تارقالغان.

ئۇيغۇر سەنەملىرىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولغان شايار سەنىمى ئۆزگىچە خاس بولغان جۇغراپىيەلىك شارائىت تۈپەيلىدىن ئۆزگىچە خاس ئۇسلۇب ۋە ئىپادىلەش شەكىللىرىنى يارىتىپ خاسلىقتا ۋە جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە بولغان. شايار سەنىمىدە ئىنساننىڭ تەبىئىي، گۈزەل ھېسسىياتىنى



此为试读，需要完整PDF请访问： www.ertongbook.com

ئىپادىلەش ئاساس قىلىنغان بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ۋەتەنگە، يۇرت ـ ماكانغا بولغان قىزغىن مۇھەببىتى، شۇنداقلا تەقدىرگە بولغان كۈچلۈك ئىرادە ۋە چۇقانلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. شايار سەنىمى شايار خەلقى ياراتقان سەنئەت سەمەرىسى، شايار خەلقىنىڭ قىممەتلىك مەنىۋى بايلىقى. شايار سەنەملىرى شايار خەلقىنىڭ سەنئەتكە بولغان قايناق ھېسسىياتىنى، ئېستېتىك قارىشىنى، ئىجادچانلىقىنى ۋە سەنئەتتىكى ئۆزگىچە ماھارىتىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن. شايار سەنىمى ئەنئەنىۋى شايار مەدەنىيىتىنىڭ تىپىك ئىپادىلىنىش شەكلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شايار سەنىمى كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ قىزغىن ياقتۇرۇشىغا مۇيەسسەر بولغان. شۇڭا، ئۇ كۈچلۈك ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە. ھالبۇكى، ئاھالىلەرنىڭ ئۆزلۈكسىز كۆچۈشى، كۆپ خىل تارىخى ۋە ئىجتىمائىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئەنئەنىۋى سەنئەتنىڭ ۋارىسلىرى بولغان خەلق سەنئەتكارلىرى بارغانسېرى ئازلاپ كەتكەچكە، «شايار سەنىمى» خەلق ئارىسىدا تارقاق ھالەتتە ساقلىنىپ، يوقىلىش خەۋپىگە دۇچ كەلگەن.

بۈگۈنكىدەك ئۆزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقان ئۇلۇغ دەۋردە، تالايلىغان مۆجىزىلەرگە ھامىلدار بولغان بۇ ئەزىز تۇپراقتا بىزنىڭ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئېسىل مەدەنىيەت مىراسلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، تەشۋىق قىلىش ۋە قوغداش مەسئۇلىيىتىمىز، مەجبۇرىيىتىمىز بار. بۇ شايار سەنىمى كەبى ئېسىل مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ بۈگۈنگە كەلگەندە بىزنىڭ قولىمىزدا يوقىلىپ كېتىشىگە قەتئىي يول قويماسلىقىمىز كېرەك.

شايارنىڭ مەدەنىي مىراسلىرىنى تېخىمۇ چوڭقۇر قېزىش، قوغداش ۋە ۋارىسلىق قىلىش ئۈچۈن، 2012 ـ يىلىنىڭ بېشىدا شايار ناھىيەلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى «شايار سەنىمى»نى قېزىش، رەتلەش ۋە ۋارىسلىق قىلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشنى قارار قىلدى. كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ كۈچلۈك قوللىشى ئاستىدا ناھىيەمىز شىنجاڭدىكى داڭلىق سەنەم مۇتەخەسسىسلىرىنى تەكلىپ قىلىپ، يېرىم يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ شاياردىكى خەلق ناخشا ـ قوشاقلىرىنى، ئاھاڭلىرىنى قېزىش، توپلاش، رەتلەش ئارقىلىق، بۇ قەدىمكى مەدەنىيەت مىراسىنى تېخىمۇ ياخشى بولغان تەرەققىيات ۋە گۈللىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشتۈردى.

بىز ھازىر «شايار سەنئىتى ۋە نەغمىلىرى» ناملىق كىتابىنىڭ نەشر قىلىنغانلىقىنى كۆرۈپ تولىمۇ خۇرسەن بولماقتىمىز. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن مەن مەزكۇر كىتابنى ئىنچىكىلىك بىلەن پىلانلاشقا، تۈزۈشكە ۋە ئىشلەشكە قاتناشقان بارلىق يولداشلارغا چىن دىلىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن ۋە ھۆرمىتىمنى بىلدۈرىمەن. «شايار سەنئىتى» مۇھىم سەنئەت شەكلى. ئۇ سوتسىيالىستىك قىممەت قارىشىنى چۆرىدىگەن ئاساستا، شاياردىكى ھەر مىللەت كادىرلار ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ شايارنىڭ تەرەققىيات ئىستىقبالىغا بولغان ئۈمىدۋارلىق روھىنى ۋە قەتئىي ئىشەنچىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ، شايارنى تېخىمۇ ياخشى تەشۋىق قىلىشتا، تونۇشتۇرۇشتا، تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرنىڭ شايارنى چۈشىنىشىدە، شايارنى ئورتاق ئېچىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشقا جەلپ قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

# 拂去尘埃显华章

代 青

（中共沙雅县委书记）

在全国上下掀起学习党的十八大精神热潮之际，《沙雅赛乃姆及曲艺》一书经过精心整理搜集终于出版了，这是沙雅县第一本关于本地赛乃姆的专集，是沙雅县文化建设中的一件大喜事，也是沙雅各族人民期待已久的事。此书的出版，无疑为更好地保护和发展沙雅赛乃姆增添了浓墨重彩的一笔。

“赛乃姆”艺术历史悠久，源远流长。它以自己独特的民族特征凸显其艺术魅力。“赛乃姆”内容丰富，形式多样，集音乐、舞蹈、诗歌等艺术形式为一体，传承于人民的日常生产、生活之中，具有极高的历史价值、艺术价值、文化价值及社会价值，是极其重要的非物质文化遗产。

“赛乃姆”作为典型的维吾尔族文化艺术，过去和现在都给中华文化增添了夺目的光彩，成为重要的精神财富。

“赛乃姆”这种艺术的产生经历了漫长的历史阶段。在遥远的过去，人们过着村落簇居生活，劳作和生活之余，为了进行交流和沟通，经常举办一些规模较大的聚会。在这些聚会上，过于单纯的、篇幅简短的民歌及说唱，已不能满足人们的需要，于是，曲目连缀的民间套曲、舞曲便应运而生，由此逐渐形成了“赛乃姆”这一艺术形式。

人类自古有逐水而居的习惯，纵观世界几大文明，都以河流为发祥地。沙雅县位于神奇俊秀的天山山脉与浩瀚神秘的塔克拉玛干沙漠汇聚处，面积广阔，土地肥沃，闻名遐迩的塔里木河穿境而过，流域

تەركىب تاپقان. ئۇنىڭ سۇ مەنبەسى ئۆگەن دەرياسى بىلەن تارىم دەرياسىدۇر. شايارنىڭ هاۋاسى ئىللىق، ئىسسىقلىق مىقدارى يۇقىرى، ياز پەسلى قۇرغاق ئىسسىق، قىش پەسلى قۇرغاق سوغۇق بولىدۇ.

ئۆگەن دەرياسى تەڭرىتاغلىرىنى مەنبە قىلغان بولۇپ، ئۇ شىمالدىن جەنۇبقا ئېقىپ شايار تەۋەسىگە كىرگەندىن كېيىن، ئېرىق - ئۆستەڭلەرگە بۆلۈنۈپ، شايارنىڭ كۆپ قىسىم زېمىنىنى سۇغىرىدۇ. شايارنىڭ ئاساسىي ئاهالىسى مانا شۇ ئۆگەن دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىغا جايلىشىپ، بۇ دەريانىڭ سۈيى بىلەن ياپيېشىل باغلارغا پۈركەنگەن كۆجۈم مەھەللىلەرنى بەرپا قىلغان.

تارىم دەرياسى شايار بوستانلىقىنى بەرپا قىلغان يەنە بىر ئانا دەريا بولۇپ، ئۇنىڭ شايار تەۋەسىدىكى 220 كىلومېتىرلىق قىرغىقىدا دۇنيا بويىچە كۆلىمى ئەڭ چوڭ، ساقلىنىشى ئەڭ مۇكەممەل بولغان ئىككى مىليون مو ئېپتىدائىي توغراقلىق بار. بۇ دەريانىڭ ئىككى قىرغىقىدا يەنە بىر مىليون 350 مىڭ مو يەردە يۇلغۇن، 400 مىڭ مو يەردە چۈچۈكبۇيا، 350 مىڭ مو يەردە ئۇزۇن تالالىق چىگە ئۆسىدۇ. بۇ يەردە يەنە ئاقتىكەن، قومۇش، يانتاق، چاكاندا ۋە باشقا خىلمۇخىل ئوت - چۆپلەر بار. تارىم دەريا ۋادىسىدىكى بۇ غايەت زور يېشىل كارىدور شايار بوستانلىقىنى تەكلىماكاننىڭ قۇم ئاپىتىدىن ساقلايدۇ ۋە كەڭ ئېكىنزارلىقنى نەملىك بىلەن تەمىنلەپ تۇرىدۇ.

شايار ناهىيەسىنىڭ جەنۇبىدىكى تەكلىماكان قۇملۇقى بىپايان بولۇپ، ئۇنىڭ چەت - چېتىگە كۆز يەتمەيدۇ. ئۇ يەردە ساناقسىز قۇم بارخانلىرى، ئاسمان - پەلەك قۇم دۆڭلىرى، زەنجىرسىمان قۇم بەلباغلىرى، شامال پەيدا قىلغان ياردائىلىق ۋە ئېقىنلار بار. بىراق، بۇ قۇملۇق بەزىلەر ئېيتقاندەك قانداقتۇر «گىياھ ئۈنمەس چۆللۈك»، «هاياتلىقتىن ئەسەر يوق ماماتلىق دېڭىزى» ئەمەس. بۇ قۇملۇقتا يۇلغۇن، يانتاق، چىغ، چاكاندا، توشقان زەدىكى قاتارلىق قىممەتلىك ئۆسۈملۈكلەر ئۆسىدۇ. ياۋا تۆگە، ياۋا توشقان، ياۋا توڭگۇز، بۆغا، تۈلكە، جەرەن، كىرپە، ئېپار چاشقىنى، يىلان، كەسلەنچۈك، پاتمىچۇق، كېلە، چايان... قاتارلىق هايۋانلار بەهۇزۇر ياشايدۇ. تەكلىماكان

قۇملۇقىدا يەنە تەبىئىي شەكىللەنگەن كۆل ـ سازلىقلار بار، بۇ كۆل ـ سازلىقلار لەيلەك، ئاق قۇ، ھاڭگىرت، ئۆردەك قاتارلىق ھەرخىل قۇشلارنىڭ ماكانى.

شايار ناھىيەسى پۈتۈن مەملىكەتكە داڭلىق نېفىت بازىسى، پاختا بازىسى ۋە ئاشلىق بازىسى. شايار زېمىنىنىڭ تەكتى مول نېفىت ۋە گازغا تولغان بولۇپ، ئۇنىڭ مىقدارىنى ھازىرچە ئېنىقلاش قىيىن. شايارنىڭ ئەنئەنىۋى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدا كېۋەز مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىگەن بولۇپ، پاختىنىڭ سۈپىتى ۋە مەھسۇلات مىقدارى مەملىكەت بويىچە بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. شايار يەنە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەلا سۈپەتلىك تاۋار ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش بازىسى، بۇ يەردە سورتلۇق بۇغداي، شال ۋە شايار قونىقى دەپ ئاتىلىدىغان كەنجى قوناق ئۆستۈرۈلگەندىن باشقا، زور مىقداردىكى قىچا، زىرە، قۇلماق، ئاپتاپپەرەس، زاراڭزا قاتارلىق ئىقتىسادىي زىرائەتلەر تېرىلىدۇ.

شايار ناھىيەسى تەۋەسىدىكى ھەممە دېھقانلار باغ بىنا قىلغان بولۇپ، ئۆرۈك، ئۈزۈم، شاپتۇل، نەشپۈت، ئالما، ئەنجۈر، چىلان، جىگدە، ياڭاق، ئۈجمە، جۇجۇلە، جىنەستە، ئالۇچا قاتارلىق مېۋىلىرى ئىنتايىن تەملىك. شايارنىڭ تەرەققىي قىلغان باغۋەنچىلىك كەسپى ئۇنىڭ يەر ناملىرىدىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. مەسىلەن: شاياردا چىمەنباغ، سايباغ، نۇرباغ، گۈلباغ، سېدەباغ، ئازادەباغ، يېڭىباغ، قاشباغ، تاللىقباغ قاتارلىق «باغ» دېگەن سۆز بىلەن سۈپەتلەنگەن ۋە بوستان، گۈزەلبوستان، كوناچىمەن، يېڭىچىمەن دېگەنگە ئوخشاش گۈلزارلىقنى ئىپادىلەيدىغان نۇرغۇن يېزا ـ كەنت ناملىرى بار. شايارنىڭ ئىگىلىكىدە يەنە چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. چارۋىچىلىقتا كالا، قوي، ئۆچكە ۋە بۇغا ئاساس قىلىنىدۇ. تارىم ۋادىسىدا يېتىلدۈرۈلىدىغان پاقلان ۋە ئوغلاق گۆشى ناھايىتى قۇۋۋەتلىك ۋە يېيىشلىك. شۇڭا، شايارنىڭ پاقلان ۋە ئوغلاق گۆشىدە ئېتىلىدىغان «ئىگەچى پولۇسى»نىڭ پۈتۈن مەملىكەتكە داڭقى كەتكەن ، ھازىرغىچە شىنجاڭ ۋە ئىچكىرى ئۆلكىلەردە بۇنداق پولۇنى ساتىدىغان 38 زەنجىرسىمان ئاشخانا مەيدانغا كەلدى. شاياردا يېتىلدۈرۈلىدىغان پاقلاننىڭ ئەلتىرىسى ۋە

ئۆچكىنىڭ ئىنچىكە تىۋىتى قىممەتلىك بويۇم بولۇپ، ئۇلارنى مەملىكەتنىڭ ئىچى ـ سىرتىدىكى كىشىلەر تالىشىپ سېتىۋالىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا شاياردىن چىقىدىغان بوغا مۈڭگۈزىمۇ ئېسىل ۋە ئاز تېپىلىدىغان دورا ماتېرىيالى ھېسابلىنىدۇ. شايار ناھىيەسىدىكى ئاھالىلەر يەنە قەدىمدىن بويان ئوۋچىلىق ۋە بېلىقچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى بىلەنمۇ كەڭ شۇغۇللىنىپ كەلگەن. تارىم دەرياسى ۋە ئۇنىڭدىن ھاسىل بولغان سان ـ ساناقسىز كۆل ـ داشلاردا مەخسۇس بېلىقچىلىق كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىپ تىرىكچىلىك قىلىدىغان كىشىلەر كۆپ ئىدى. شايارنىڭ دەريا ـ كۆللىرىدە يېتىلگەن بېلىقلار ناھايىتى يوغان بولغاچقا، باشقا يۇرتلۇقلار «شايارنىڭ بېلىقىنىڭ ئۆپكىسىنىمۇ قويغىلى بولىدۇ» دەپ چاقچاق قىلاتتى. شايارنىڭ قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئىشلەپچىقىرىشى بەلگىلىك كۆلەمنى ئىگىلىگەن بولۇپ، ئۆز ۋاقتىدا قول ھۈنەرۋەنچىلىكنىڭ ھەممە كەسىپلىرى بويىچە مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىلاتتى ۋە ئۆز ـ ئۆزىنى تەمىنلەيتتى. بولۇپمۇ شاياردا ياسالغان كىچىك قەلەمتىراچ نەپىس، ئۆتكۈر ۋە ئەپلىك بولۇپ، ئۇ بوگۈنكى كۈندىمۇ كىشىنى مەھلىيا قىلىدىغان داڭلىق مەھسۇلات بولۇپ تۇرماقتا.

يېقىنقى يىللاردىن بويان بۇ ماكان ئارقا ـ ئارقىدىن «جۇڭگو تارىم توغراق ماكانى»، «جۇڭگو تارىم پاختا ماكانى»، «جۇڭگو تارىم بوغا ماكانى»، «جۇڭگو تارىم يۇلغۇن ماكانى»، «جۇڭگو تارىم قاراكۆل ئەلتېرە ماكانى»، «جۇڭگو تارىم چىلان ماكانى» دېگەنگە ئوخشاش ناملارغا ئېرىشمەكتە.

## 2. شايار ناھىيەسىنىڭ قىسقىچە تارىخى ۋە ئاھالىسى

ھازىرغىچە «شايار» دېگەن بۇ سۆزنىڭ مەنىسى مەتبۇئات ۋە ئاغزاكى بايانلاردا مۇنداق بىرنەچچە خىل ئىزاھلاندى:

1) «شايار» دېگەن سۆز «شاھيار» دېگەن سۆزدىن كەلگەن بولۇپ، شاھنىڭ دوستى دېگەنلىكتۇر. ئۇ كۆچا خانىنىڭ دوستى، قوللىغۇچىسى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

2) «شايار» دېگەن سۆز «شاھيار» دېگەن سۆزدىن كەلگەن بولۇپ، ئۇ مۇشۇ



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com